# خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتى تېخىمۇ ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جەمئىي 135 مىڭ كىشىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىششىغا ياردەم بېرىلدى؛ 2018 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۈچ يىللىق يىرىك پىلانى بويىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى جەمئىي 221 مىڭ نەپەر ئەمگەك كۈچىنىڭ (بىڭتۇەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىششىغا ياردەم بېرىلدى؛ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەر 24 سائەت ئىچىدە ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈلدى؛ ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق مۇشۇ قاراردا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ يىل ئاخىرىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 88%تىن يۇقىرى بولدى.

بۇ يىل، يۇقۇمنىڭ تەسىرى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۈكنى يېنىكلەتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنى تەڭ تۇتتى. «بۇ يىل بىز جەمئىي 178 مىڭ يۈەن ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولدۇق، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىدىن 3 مىليون 100 مىڭ يۈەن كېمەيتىلدى، كەچۈرۈم قىلىندى، شىركەت بۇ پۇلنى خىزمەتچىلەرگە تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىش، ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىپ، خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇردى» دېدى شىنجاڭ خوجۇ يېقىلغۇ گاز پاي چەكلىك شىركىتى مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جۇ ياڭچۈن.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇقىم بولغاچقا كىرىم ئاشتى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شىنجاڭدا ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 11 مىليون 352 مىڭ 400 ئادەمدىن كۆپىيىپ 13 مىليون 301 مىڭ 200 ئادەمگە يەتتى، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 23 مىڭ 200 يۈەندىن كۆپىيىپ 34 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 8724 يۈەندىن كۆپىيىپ 13 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. ھەر مىللەت ئاممىسى «تاماق قاچىسى»نى قولىدا چىڭ تۇتتى، تۇرمۇشى بارغانسېرى ئۈمىدكە تولدى.

## كەڭ قاپلاش كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى

«بۇ يىل مېنىڭ كۆتۈنۈش پۇلۇم ھەر ئايدا 200 نەچچە يۈەن ئۆستى، تۇرمۇشىمىز كاپالەتكە ئىگە بولدى، كۆڭلىمىز خاتىرجەم» دېدى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كارخانىدىن پېنسىيەگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچى جاڭ چىڭفۇ خۇشال ھالدا.

مائارىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، داۋالىنىش، تۇرالغۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت دىققەتنى خەلق ئاممىسى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان خەلق تۇرمۇشى مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، كەڭ قاپلاشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيەسىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئەمەلىي نەپ يەتكۈزدى.

مائارىپ تېخىمۇ ئادىل بولدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە خاراكتېرلىك مائارىپ خىراجىتى يىللىق سېلىنمىسى بىردەك 50 مىليارد يۈەندىن ئاشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا 4408 يەسلى يېڭىدىن سېلىندى، ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىلدى، قۇرۇشقا تېگىشلىكلىرى تولۇق قۇرۇلۇپ، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن 1 مىليون 558 مىڭ بالىنىڭ يەسلىگە كىرىشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كىرگۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ «نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى ئاجىز مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاش» قۇرۇلۇشى پۇختا ئالغا سىلجىتىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى كۆرسەتكۈچى پۈتۈنلەي ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلدى. يېزا ـ كەنتلەردە، ئەڭ چىرايلىق ئىمارەت مەكتەپ، ئەڭ يارقىن مەنزىرە مەكتەپ قورۇسى بولۇپ قالدى.

كۆپ قاتلاملىق، تېخىمۇ ئادىل، ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا يېڭى بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆتۈنۈش، ئىشتا يارىلىنىش، ئىشسىزلىقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 18 مىليون 905 مىڭ 200 ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليون 2800 ئادەم قېتىم كۆپەيدى؛ كارخانىلاردىن پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ كۆتۈنۈش پۇلىدا «16 يىل ئۇدا ئۆسۈش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلارنىڭ سانى 2016 ـ يىلدىكى 18 مىليون 133 مىڭ ئادەمدىن 2019 ـ يىلدىكى 20 مىليون 380 مىڭ 900 ئادەمگە كۆپىيىپ، ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

خەلقنىڭ ساغلاملىقى تولۇق دەۋرىيلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشى ھەربىر شىنجاڭلىق شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىگە نەپ يەتكۈزدى، ئائىلە دوختۇرلىرىنىڭ كېلىشىم ئىمزالاپ مۇلازىمەت قىلىشى بىلەن پۇقرالارنىڭ ئۆزىنىڭ ئائىلە دوختۇرى بار بولدى؛ 2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ـ كەنت ئىككى دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاش، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دوختۇرخانىلاردا يىراقتىن داۋالاش ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى قىممەت بولۇش مەسىلىسى ئۈنۈملۈك پەسەيتتى.

تېخىمۇ كۆپ ئائىلىلەرنىڭ «ئەمىن ئۆي ئارزۇسى» ئىشقا ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىز كاپالەتلىك تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى سالمىقىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە شەھەر ـ بازارلاردا 1 مىليون 273 مىڭ 200 يۈرۈش كاپالەتلىك ئەمىن ئۆي سېلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، بۇ يىل 9 ـ ئايغىچە 1 مىليون 281 مىڭ يۈرۈش ئۆي پۈتتى؛ يېزىلاردا 1 مىليون 187 مىڭ 700 ئائىلىلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيدە ئولتۇرۇش تارىخىغا تەلتۆكۈس خاتىمە بەردى، 5 مىليونغا يېقىن دېھقان ـ چارۋىچى ئاممىنىڭ ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرۇشى، ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان يەردە ئولتۇرۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

كىشىلەر خاتىرجەم بولسا، بىرىكمە كۈچ يېتەرلىك بولىدۇ. «ھەممە ئائىلە ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، داۋالىنىش ئاتچوت قىلدۇرالايمىز، ياشانغانلارنىڭ ھەر ئايدا كۆتۈنۈش پۇلى بار، بالىلار كەنتتىلا يەسلىگە كىرەلەيدۇ، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرى تۇرمۇشىمىزنى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىدى.» بۇ يىل 85 ياشقا كىرگەن جامال مەمەت كۇچا شەھىرىنىڭ ئالاقاغا بازىرى باغۋەن كەنتىدىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، ئۇ ئۇچرىغانلا كىشىگە پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش كېرەك، دەيدۇ.

## كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، تەرەققىيات پايدىسىدىن ئورتاق بەھرىلەندى

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، قەشقەر داشۆنىڭ 3 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى گۈلمىرە ئابلاجان مۇنداق دېدى: «دۆلەتنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلى مېنى خاتىرجەم ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.» داشۆدە ئوقۇشتىن بۇرۇن، ئۇ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىدىن ئەنسىرىگەنىدى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتى ئۇنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ، ئەخلاق ـ پەزىلەتتىمۇ، ئۆگىنىشتىمۇ ئەلا بولۇپ، گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋېتىپتۇ.

خەلق تۇرمۇشىدا كىچىك ئىش يوق، ھەربىر شاخ، ھەربىر يوپۇرماقنىمۇ كۆيۈنۈشىمىز كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش جەريانىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت تۇرمۇشتا يەنە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى، ھال ـ ئەھۋالىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

—— ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپىدىن ئاسپىرانتلار مائارىپىغىچە بولغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتى سىستېمىسى ئورنىتىلدى، تاكامۇللاشتۇرۇلدى، ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش مەبلىغى 2016 ـ يىلدىكى 2 مىليارد 790 مىليون يۈەندىن 2019 ـ يىلدىكى 7 مىليارد 620 مىليون يۈەنگە كۆپەيتىلدى، 2019 ـ يىللا 4 مىليون 800 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا نەپ يەتكۈزۈلۈپ، «بىرمۇ ئوقۇغۇچىنى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قويماسلىق» دېگەن ۋەدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛

—— ئىجتىمائىي كاپالەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى. 60 ياشتىن ئاشقان نامراتلارغا تارقىتىشقا تېگىشلىك كۆتۈنۈش سۇغۇرتا پۇلى تولۇق تارقىتىلدى، نامراتلارنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100%كە يەتكۈزۈلۈپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىش، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىش قاتارلىق مەسىلىلىرى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى؛

—— تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى يىلدىن ـ يىلغا ئۆستۈرۈلدى، 2020 ـ يىلى شەھەرلەرنىڭ تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى 2016 ـ يىلدىكىدىن 33% ئۆستۈرۈلدى، يېزىلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى 2016 ـ يىلدىكىدىن 44% ئۆستۈرۈلدى. بۇ يىلقى يۇقۇم ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىز قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا 8 مىليارد 880 مىليون يۈەن قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش مەبلىغى ئاجرىتىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ھەققىي تۈردە كاپالەتلەندۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا بولغان غەمخورلۇقىنى كەم ـ كوتىسىز پۇختا ئەمەلىيلەشتۈردى، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈردى؛

—— 60 كۈندە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 22 ناھىيەدە يېزا بەخت چوڭ قورۇسىدىن 207سى سېلىنىپ، يېزىلاردىكى تەنھا، قارىغۇچىسى يوق، ئۆيدە قالغان، يېشى چوڭيىپ قالغان قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛

...

خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، پۇقرالارغا ئامالنىڭ بارىچە نەپ يەتكۈزۈش كېرەك. تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلماقچى بولسىمۇ ھەل قىلىنمىغان نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ، ئىلگىرى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولسىمۇ ۋۇجۇدقا چىقمىغان نۇرغۇن چوڭ ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقىرىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، خەلقنىڭ بەختى، خاتىرجەملىكىنىڭ ئۈل تېشى سېلىندى، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان بولدى، كۈلكىسى تېخىمۇ تاتلىق، كۈنلىرى تېخىمۇ گۈزەل بولدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى پېڭ يېچياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانىلار تېخنىكا مەركىزى ۋە ياسىمچىلىق يېڭىلىق يارىتىش مەركىزىنى بېكىتىش ۋە يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ئۈلگىلىك كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، بىر تۈركۈم تۈنجى (يۈرۈش)نىڭ تۈنجى تۈركۈمدىكى مەھسۇلاتلىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكىلار ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر يېڭى مەھسۇلاتلارنى بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياساش خىزمىتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار بىلەن ئەمەلىي ئىقتىسادنى يۇغۇرۇشنى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار بىلەن ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ يۇغۇرۇلما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى. 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، شىنجاڭدا سانائەتنىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ساھەسىدە ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى سىجىل كۈچىيىپ، سانائەت ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتى بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 20.4% ئېشىپ، كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتتىكە سېلىشتۇرغاندا ئېشىش سۈرئىتى 13.9 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولدى.

كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىز مەۋقەنى يېڭىلىق يارىتىپ يېتەكلەشكە قويۇپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ كۆلىمىنى زورايتىشنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسى، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماتېرىيال، ئېنېرگىيە تېجەپ مۇھىتنى قوغداش، بىيو تېببىي دورىگەرلىك، چوڭ سانلىق مەلۇمات، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسىپلەر تەرەققىياتى يېڭى ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. كرېمنىي رادىكالى، ئاليۇمىن رادىكالى، تىتان ۋە تىتان قېتىشمىسى يېڭى ماتېرىيالى، بىيو رادىكاللىق يېڭى ماتېرىيال ۋە يېڭىچە قۇرۇلۇش پىلاستىك ماتېرىيالى، يۇقىرى ئىقتىدارلىق تالا قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان خىمىيە سانائىتى يېڭى ماتېرىيال كەسپىنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭى ماتېرىيال كەسىپلەر توپى بەرپا قىلىدۇ. ئەۋزەل كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى تۈرگە ئايرىپ قوللاپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ قىممەت زەنجىرىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىدۇ. ياسىمچىلىق كەسپىنى رەقەملەشتۈرۈپ تېپىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، ياسىمچىلىق بىلەن مۇلازىمەت كەسپىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتىنى يېتىلدۈرىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## ئاز قاتراش ئىشلارنى ياخشى بېجىرىش

بۇ يىل يىل بېشىدا، قاراماي شەھىرى ئاھالىسى ياڭ شياۋۋېي ئۆيىدە تور سۇپىسى ئارقىلىق يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنى تىزىملاش رەسمىيىتىنى بېجىردى ھەم ئىككى كۈندىن كېيىن قاراماي شەھىرىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار مۇلازىمەت زالىدا تىجارەت كىنىشكىسى ۋە يېمەكلىك تىجارەت ئىجازەتنامىسىنى ئالدى.

«بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىشتىن كىنىشكىنى ئالغۇچە بىر قېتىملا قاتراپ، دۇكان ئېچىشقا كېرەكلىك كىنىشكىلارنى بېجىرىپ بولدۇم، ھەققەتەن ھەم تېز، ھەم قولايلىق بولدى!» دېدى ياڭ شياۋۋېي خۇشال ھالدا.

كارخانىلارنىڭ ئىش بېجىرىشكە قولايلىق يارىتىش مۇھىم تىجارەت ـ سودا يۇمشاق مۇھىتى، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنىڭمۇ مۇھىم بەلگىسى.

قاراماي شەھىرى كۆزلەش نۇقتىسىنى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت تورىنى رەتلەشكە قاراتتى ھەم ئۇنى «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنىڭ ئۈل تېشى قىلىپ، مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلدى. شەھەرنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تور ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۇپىسى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى سانلىق مەلۇماتلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش، ئالماشتۇرۇش سۇپىسى ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى كۆچمە ئابونتچىلار تېرمىنالىنى قۇرۇپ، ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئۇچۇرلارنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، سانلىق مەلۇماتلاردىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىپ، «ئۇچۇر توسۇقى»نى بۇزۇپ تاشلاپ، سانلىق مەلۇماتلارنى كۆپرەك يوللاش، ئاممىنى ئاز قاتىرىتىش، ھەتتا قاتراتماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى.

تور نامى بىرتۇتاش بولۇش، بېكىتىش ئاساسى بىرتۇتاش بولۇش، ئىلتىماس قىلىدىغان ماتېرىيال بىرتۇتاش بولۇش قاتارلىق «سەككىز بىرتۇتاش بولۇش» پرىنسىپى بويىچە، قاراماي شەھىرى بەش تۈركۈم «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى تۈرى مۇندەرىجىسىنى تۈزدى ھەم ئېلان قىلدى، جەمئىي 2450 تۈردە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، شەھەرنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تور ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۇپىسى 150 ئورۇنغا كىرىپ ماكانلىشىپ، سانلىق مەلۇماتتىن ئورتاق بەھرىلىنىش ئارقىلىق كەسىپ ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولدى، قوبۇل قىلغان تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە مۇلازىمەت ئىش تۈرى ئون ھەسسىگە يېقىن قاتلاندى، كارخانىلار، ئاممىنىڭ بەخت تۇيغۇسى ۋە ئېرىشىش تۇيغۇسى ئاشتى.

بىرلا ئىشىكتىن كىرىش، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش. قاراماي شەھىرى «بىر كۆزنەكتە قوبۇل قىلىش، توپلاشتۇرۇپ مۇلازىمەت قىلىش»نى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، شەھەر، رايون ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزىنى ئۆزگەرتتى ۋە بىرلەشتۈردى، ئەسلىدىكى تارماقلارنىڭ فۇنكسىيەسىگە ئاساسەن ئايرىم تەسىس قىلىنغان كۆزنەكلەرنى بىرىكتۈرۈپ ئۇنىۋېرسال كۆزنەك قىلدى، «ئالدى سۇپىدا ئۇنىۋېرسال قوبۇل قىلىپ، ئارقا سۇپىدا تۈرگە ئايرىپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، بىرتۇتاش كۆزنەكتە ھۆججەت چىقىرىپ»، مۇلازىمەت كۆزنىكى سانىنى 136دىن بىرىكتۈرۈپ ھازىرقى 93كە ئىخچاملىدى، قوبۇل قىلىپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە مۇلازىمەت قىلىش تۈرلىرى 900دىن ئارتۇق تۈردىن نۆۋەتتىكى 1300دىن ئارتۇق تۈرگە كېڭەيدى، بېجىرىپ تاماملاش ۋاقتى 32% قىسقاردى.

بۈگۈنكى كۈندە، قاراماي شەھىرىدە، ھەر مىللەت ئاممىسى پەقەت بىر زالغا كىرىپ، پەقەت بىر كۆزنەكنى تېپىپ، پەقەت بىر قېتىم ماتېرىيال تاپشۇرسىلا، «توردا بېجىرىش، دەرھال بېجىرىش، پۈتۈن شەھەردە بىرتۇتاش بېجىرىش»نى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

## بىر ئىشنى بىر قېتىمدا بېجىرىش

ياخشى بولغان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى جەلپ قىلىش كۈچىدۇر، رىقابەت كۈچىدۇر، ئۇ يەنە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، جۇڭگو نېفىت تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىنجاڭ سېتىش چەكلىك شىركىتى قاراماي شۆبە شىركىتى قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە كېرەكلىك بارلىق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ تاماملاپ بولۇپ، ئىش باشلاش باسقۇچىغا كىردى. شىركەت مەسئۇلى جى دەندەن مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى بىز نۇرغۇن ماتېرىيال تاپشۇراتتۇق، بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ساقلاپ ئاندىن قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە كېرەكلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولالايتتۇق، ھازىر پەقەت بىر قېتىم ماتېرىيال تاپشۇرۇپ، 60 نەچچە خىزمەت كۈنىدىلا رەسمىيەتلەرنى بېجىرگىلى بولىدۇ، بۇ، كارخانىلارنى ناھايىتى زور ياردەم بىلەن تەمىنلىدى».

بېجىرىپ تاماملاش ۋاقتىنى قىسقارتىش، تاپشۇرۇلىدىغان ماتېرىياللارنى ئىخچاملاش، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، قاراماي شەھىرى ئىلتىماس قىلغۇچىلارنى مەركەز قىلغان خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، بىر قېتىملا ئۇقتۇرۇش قىلىش، بىر قېتىملا جەدۋەل تولدۇرۇش، بىر قېتىمدا بىرلىشىپ بېجىرىش، بىر قېتىمدا بېجىرىپ تاماملاش مېخانىزمى ۋە بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ماتېرىيال كەم بولسىمۇ بېجىرىش قاتارلىق خەلققە قولايلىق، كارخانىلارغا پايدىلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، كارخانىلار ۋە ئاممىنىڭ بېجىرىش قېتىم سانى كۆپ بولغان 75 تۈرلۈك ئىش تەرتىپىنى ئۆزگەرتىپ، ماتېرىياللارنى ئىخچاملاپ، توردا بېجىرىش بويىچە «بىر ئىشنى بىر قېتىمدىلا بېجىرىش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش بازار سۇبيېكتلىرىغا ھاياتىي كۈچ قوشۇپ، خەلق ئاممىسىغا قولايلىق ياراتتى.

ئىلمىي تەقسىملەش، ئورگاننىڭ بىرلەشتۈرۈش، مۇۋاپىق ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق قاراماي شەھىرى «كۆپ خىل كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش»، «ئىجازەتنامە بىلەن كىنىشكىنى ئايرىش» قاتارلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇپ، تەستىقلاش جەريانىدا قانۇندا بەلگىلەنمىگەن، تەكرار تاپشۇرغان، دەلىللىگىلى بولىدىغان ماتېرىياللارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، 26 كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قاراماي شەھىرى مۇلازىمەت ئىشلىرى ۋە مۇلازىمەت دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان ئەھۋالدا، كارخانا نامى، تىجارەت كىنىشكىسىنى بېجىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى توردا بېجىرىشنى يولغا قويۇپ، كارخانا قۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ھالقىسىنى ئالتىدىن تۆتكە قىسقارتتى، قۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ۋاقتىنى 2.5 خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىپ، كارخانا قۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىش مەخسۇس رايونى تەسىس قىلىپ، كارخانىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش، تامغا ئويدۇرۇش، تالون ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىش، بانكا ھېساباتى ئېچىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر قېتىمدىلا توردا بېجىرگىلى بولىدىغان قىلدى.

ئىش بېجىرىدىغان ئاممىنىڭ «قەيەرگە بېرىپ بېجىرىش، كىمنى ئىزدەپ بېجىرىش، نەگە قاتراش»نى بىلمەسلىك مەسىلىسىگە قارىتا، قاراماي شەھىرى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت تور بېكىتىدە «بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كەسپىي كىچىك ياردەمچىسى» بۆلىكىنى يولغا قويۇپ، ئىش بېجىرىشتە بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار، ئۈلگىلىك ھۆججەت قاتارلىق ئىش بېجىرىشتە پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى ھەم تور سىرتىدا «بىر كۆزنەكتە قوبۇل قىلىش، مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولۇش»نى يولغا قويۇپ، كارخانىلار ۋە ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشىگە قولايلىق ياراتتى.

## ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش بىرنى ئاشكارىلاش

تىجارەتچىلەرگە پايدىلىق تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىش ياخشى قانۇن ئارقىلىق ياخشى ئىدارە قىلىشقا ئېھتىياجلىق.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قاراماي شەھىرى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش شەكلىدە يېڭىلىق ياراتتى ۋە ئۇنى كۈچەيتتى، ئىش داۋامىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋە ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم بەرپا قىلىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنى، بىرتۇتاش سۇپا ئىشلىتىشنى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلىدىغان ئىش تۈرلىرى تىزىملىكىنى، بازار سۇبيېكتلىرى ئامبىرى قۇرۇشنى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى، ئارىلاپ تەكشۈرۈش پىلانىدا ئارىلاپ تەكشۈرۈلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق قاپلاش، ھەممىدە يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تاللاپ تەكشۈرۈش پىلانىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت «ئالتىنى تولۇق قاپلاش، ئۈچنى قېلىپلاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى.

قاراماي شەھىرى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش بىلەن ئىناۋەتنى تۈرگە ئايرىپ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى ئىناۋەتنى باھالاش نەتىجىسىنىڭ «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش جەريانىدا قوللىنىلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. كارخانىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىناۋەت دەرىجىسىنى باھالاش، ئىناۋەت ۋەدىسى، بىرلىشىپ مۇكاپاتلاش ـ جازالاش قاتارلىق مېخانىزملارنى ئىجادىي ئورنىتىپ، پەرقلىق نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئىناۋەت دەرىجىسى تۆۋەن بازار سۇبيېكتلىرىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ ۋە قېتىم سانىنى كۆپەيتىپ، «ئۆتكۈر شەمشەرنى ئېگىز كۆتۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىناۋەت دەرىجىسى يۇقىرى بولغان A تۈردىكى بازار سۇبيېكتلىرىغا قارىتا «ئىش بولمىسا ئاۋارە قىلماسلىق»نى ئىشقا ئاشۇردى.

ھازىر، قاراماي شەھىرى تۈزگەن «‹ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش› خىزمەت ئۆلچىمى» «ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ئىشلىرى كودى قائىدىسى» «ئېلېكترونلۇق ئارخىپلارنى ئارخىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئۆلچىمى»دىن ئىبارەت ئۈچ يۈرۈش ئۆلچەمنى ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش كومىتېتى تەكشۈرۈپ بېكىتتى ھەم پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئېلان قىلدى.

قاراماي شەھىرى «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش»نى يولغا قويۇش ئارقىلىق سودا ئىشلىرىنى تىزىملاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، قاراماي شەھىرىنىڭ ئۈنۈم ئىقتىدار تېپىدىكى، مۇلازىمەت تېپىدىكى ھۆكۈمەت بولۇشتەك مۇلازىمەت ئېڭى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كۆپەيتكىلى بولىدىغان بىر يۈرۈش تەجرىبىلەرنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى.

**(مۇخبىر لياڭ لىخۇا، قاتناشقان مۇخبىرلار جېن شىشىن، دوۋ شىڭجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋاڭ ۋېنجىڭ، ۋاڭ گودۇڭ، لۇ ياڭ)**